# رامـزان ئـېـيـىـنـىڭ كـۈنـدۈزىـدە چـىـش داۋالـىـتـىـش توغـرىـسـىـدا

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]


پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىين

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2014 - 1435

IslamHouse.com

# علاج الضرس في نهار رمضان

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ محمد بن صالح بن عثيمين

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

2014 - 1435

IslamHouse.com

# رامـزان ئـېيـىـنـىـڭ كـۈنـدۈزـىـدە چـىـش داۋالـىـتـىـش توغـرىـسـىـدا

37744-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

رامـزان ئـېيـىـنـىـڭ كـۈنـدۈزـىـدە چـىـش مـىـلـىـكـىـگە ئاغرىق پەسەيتىش مەلھىمى قويسام بولامدۇ؟ يەنە بىرى: مەن روزىدارلىق ھالەتتە چىشىمنى تارتقۇزۇش ئۈچۈن ئېغىز بوشلۇقۇم مەس قىلىنسا دۇرۇس بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

رامـزان ئـېيـىـنـىـڭ كـۈنـدۈزـىـدە روزىدارنىڭ چىشىنى داۋالىتىشى ۋە چىش مىلىكىگە مەلھەم ئىشلىتىشى دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن چىش مىلىكىگە قويۇلغان دورا- مەلھەملەرنى يۇتىۋەتمەسلىك كېرەك.

شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىدنىڭ "روزا توغرىسىدا 70 مەسىلە" دېگەن رىسالىسىدا، رامزان ئېيىنىڭ كۈندۈزىدە روزىداردىن سادىر بولسا ئۇنىڭ

روزىسى بۇزۇلمايدىغان بەزى ئىشلار بايان قىلىنغان، مىسال ئۈچۈن بۇنىڭدىن سوئالىمىزغا ئالاقىدارلىق ئىشلاردىن بىر قانچىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز:

1-يۈرەك سانجىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن تىلىنىڭ ئاستىغا تابلىتا دورىلارنى قويسا بولىدۇ. لېكىن كانايغا كېلىپ قالغاندا يۇتىۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

2-چىش يىلتىزىنى كولاش، چىشنى تارتقۇزۇش، چىشنى تازىلىتىش، مىسۋاك ۋە چىش چوتكىسى ئىشلىتىش قاتارلىقلار دۇرۇس بولىدۇ، لېكىن يۇقىرىقى ئىشلار سەۋەبلىك كانايغا كېلىپ قالغان سۇيۇقلۇقلارنى يۇتىۋەتمەسلىك كېرەك.

3-ئېغىزنى سۇ ئىلىش، ئېغىزنى چايقاش ۋە ئېغىز بوشلۇقىدىن بىرەر جاينى داۋالاش ئۈچۈن پۈركۈگۈچ ئارقىلىق دورا قىلسا بولىدۇ، لېكىن بۇ سەۋەبلىك كانايغا كېلىپ قالغان نەرسىلەرنى يۇتۇۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ["روزا توغرىسىدا 70 مەسىلە" دېگەن كىتاپچىدىن ئېلىندى].

رامزان ئېيىنىڭ كۈندۈزىدە ئېغىز بوشلۇقىنى ناركوز قىلىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرسا، مادامىكى مەزكۇر ناركوزنىڭ تەسىرى پۈتۈن كۈن (يەنى سۈبھى يورۇغاندىن

تارتىپ كۈن پاتقۇچە قەدەر) داۋاملاشمايدىغانلا بولسا دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتىكى ناركوزنىڭ ھۆكمى ئۇيقۇنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 12425ـنومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.